# ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ روزا تۇتۇشتا كەسكىنلىك يولنى تۇتۇپ روزىنى ئۆزمەي داۋاملاشتۇرماقچى بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا يېتەكلىدى، چۈنكى ئۇ ئەجىر-ساۋاپتا تولۇق بىر يىللىق روزىنىڭ ساۋابىغا باراۋەر كېلەتتى، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ئەجىر بېرىلسە ئۈچ كۈن ئوتتۇز كۈنگە باراۋەر بولىدۇ، ئەگەر ھەر ئايدا ئۈچ كۈندىن روزا تۇتسا ئاشۇ: يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6017

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee